# ئەسلى مەقسەت - بۇرچنى ئۇنتۇماسلىق باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش»تىن ئىبارەت باش تەلەپنى چۆرىدەپ، مەركەزلىك ئۆگىنىش، شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، مەخسۇس تېمىدا مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئەسلى تېكىستنى ئەينەن ئوقۇپ، قائىدىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈپ، روھى ماھىيىتىنى توغرا ئۆزلەشتۈرۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى، بولۇپمۇ رەھبىرى كادىرلارنى ئەسلى مەقسەت - بۇرچنى ئۇنتۇماي، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىپ، پارتىيەنىڭ غېمىنى يېيىش نىيىتى، پارتىيەنى ئويلاش مەسئۇلىيىتى، پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسىنى دائىم كۆڭلىگە پۈكۈپ، باش تېما تەربىيەسىگە پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتلىنىشقا يېتەكلىدى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى، ئەسلى مەقسەت - بۇرچنى ئۇنتۇماي، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەكىتلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى، ئورگان پارتگۇرۇپپىسى ۋاقتىدا يىغىن ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، باش تېما تەربىيەسى، ئۆگىنىش - تەربىيەنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى ئەسلى تېكىستنى ئوقۇپ، قائىدىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، روھى ماھىيىتىنى توغرا ئۆزلەشتۈرۈشكە تەشكىللىدى. چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىنچىكە ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنىڭ پارتىيەنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتى، غايە - ئېتىقادى، كۈرەش نىشانىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى، قانچە ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنسېرى، پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسىتى، بۇرچىنى شۇنچە ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى شۇنچە يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسى، بەنگۇڭتىڭ پارتگۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەينەن، ھەققىي ئۆگىنىش بىلەن بىللە، پارتىيەنىڭ شانلىق مۇساپىسىنى ئەسلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ھېس قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىپ، ئىدىيەۋى تونۇش ۋە كونكرېت خىزمەتلەردە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، ئۇنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەققىي، ئەمەلىي، ياخشى تۇتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى، ئورگان پارتگۇرۇپپىسى، سەككىز مەخسۇس كومىتېت پارتگۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى تەشكىللەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، مۇھاكىمە قىلدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، «تۆت ئاڭ»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۈكسەك ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىق، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرىمىز.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى، ئالتە پارتىيەلىك رەھبىرى كادىر پىكىر بايان قىلىپ تەسىراتىنى سۆزلىدى. 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، يەنە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى تەشكىللەپ كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلدى. 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرى كادىرلارنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تېملىق مۇھاكىمە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ئۆزئۆل - كېسىل ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن ئۆزىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزەتتى.

ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى ھەر كۈنى بىر سائەت ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ۋاقتىدا ئىزچىل ئەگىشىپ ئۆگىنىپ، يېڭى يۈكسەكلىككە يېتىشكە تىرىشىپ، ھەققىي تۈردە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇردى، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلدى، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۈرتى بەنزە ئەزالىرى نۇقتىلىق ئۆگىنىش ئاساسىدا، ئاساسلىق رەھبەرلەر باشلامچى بولۇپ ئۆگىنىش، ياچېيكا مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى ئۆگىنىش دوكلاتى، «ئەقىل كۆرستىش» ئىدىيەۋى مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق ئۆگىنىش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۆگىنىش - تەربىيەنى تۈزۈملەشتۈرۈش، دائىملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»نىڭ ئاچقۇچى مەسىلىلەرگە توغرا قاراش ئاڭلىقلىقى ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش جاسارىتى بولۇشتا.» 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى پارتگۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېملىق ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ئەي شىنلۇ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغان ھالدا مۇنداق دېدى: ئۆزىمىزدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، باشقىلارغا ئىنتەرمەي، ئۆزىمىزنى قاچۇرماي، بىر - بىرلەپ تۈزىتىپ، ئۆزىمىزنى ئۈزلۈكسىز چېنىقتۇرۇشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»نى باش تېما قىلىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ھەققىي تۈردە باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ پارتىيەۋىلىكىنى كۈچەيتىش، ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىستىلىنى ياخشىلاش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشىدا گەۋدىلەندۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يولىيورۇقى، تەستىقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىدە گەۋدىلەندۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى پارتگۇرۇپپا نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىشى، «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلەتى» ئۆگىنىش سۇپىسىدا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ۋاقتىدا ئىزچىل ئەگىشىپ ئۆگىنىپ، سىياسىي قۇرۇلۇش، ئىدىيەۋى قۇرۇلۇش، تەشكىلىي قۇرۇلۇش، ئىستىل قۇرۇلۇشى ۋە ئىنتىزام قۇرۇلۇشىدا ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتتى.

# شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرەيلى

(بېشى 1 - بەتتە)

تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىنىڭ تەرەققىياتى ۋە قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى زور دەرىجىدە چېنىقتۇرۇپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىنى زور دەرىجىدە نامايان قىلدى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش رايون ماس تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر. يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، جەزمەن بۇ قېتىمقى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى ھۆكۈمىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى ياخشىلاپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتە، جەزمەن تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، مەدەنىيەت، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش، كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى يېتىلدۈرۈش، تەربىيەلەشنى كۈچەيتىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاش قاتارلىق نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، قايسى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنلىنىشكە ئەرزىيدىغانلىقى، قايسى ئىپىسل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇشقا بولىدىغانلىقى، يەنە قايسى مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى، قايسى كەمتۈكلۈكلەرنىڭ تولۇقلاشقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، قايتا ئويلىنىشىمىز كېرەك. نەتىجە - تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش بىلەن بىللە، مەسىلىلەرنى بايقاشقا ماھىر بولۇپ، مەسىلىلەرگە تېگىش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، مەسىلىلەرنى باتۇرلۇق بىلەن ھەل قىلىپ، بولۇپمۇ پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەردە، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئاتلىنالايدىغان، مەسىلىلەرنى قوغلىشىپ ماڭالايدىغان، زىددىيەتلەرنى تۇتۇپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان بولۇشنى ۋەزىيەت يارىتىشنىڭ بوسۇش ئېغىزى قىلساقلا، ئاندىن خىزمەتتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتالايمىز.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتە، جەزمەن پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. شىنجاڭغا كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق نىشانلىق ياردەم بېرىشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، دەل جايىدا تاللاپ ئەۋەتىش، ئىلمىي ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش كېرەك. شىنجاڭغا كەسىپلەر ئارقىلىق نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئەمەلىي ئالغا سىلجىتىپ، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارنىڭ خاس كەسىپ، يېشىل كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا، مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىشىگە ياردەم بېرىپ، بىڭتۇەننىڭ جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنىڭ كەسىپ تىرەكلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەبلەغ تۈرلىرىنى ئاساسىي قاتلامغا تېخىمۇ كۆپ مايىللاشتۇرۇپ، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش كېرەك. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۆپرەك بېرىش - كېلىش قىلىشىنى قوللاپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئارىلىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەدەنىيەت، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق شىنجاڭنى ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت - ماكانىنى بەرپا قىلىش كېرەك. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى كادىرلارنى چېنىقتۇرۇش ۋە يېتىلدۈرۈش سۇپىسى قىلىپ، تەكشۈرۈش، باھالاش - باھا بېرىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەققىي ھېسسىياتى بىلەن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغانلارنى غەيرەتكە، سەھنىگە ئىگە قىلىش كېرەك. پەقەت ھالقىلىق تۇتقۇنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، ئىلمىي پىلانلاپ، كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتقاندىلا، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

تىرىشىپ ئىشلىگەنلەر دائىم غەلىبە قازىنىدۇ، ھارماي - تالماي ئىلگىرىلىگەنلەر ھامان نىشانغا يېتىدۇ. پەقەت بىز ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، باشتىن - ئاخىر ۋەزىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەشتەك پۈتۈن ۋەزىيەت نەزەر دائىرىسى، نىشان مەركىزىنى توغرىلاشتەك مەسىلە ئېڭى، تۆمۈر - تاشتا ئىز قالدۇرىدىغان ئەمەلىي تەدبىر بىلەن، قەدەمدە بىر ئىز قالدۇرۇپ، كىچىك غەلىبىلەر ئارقىلىق چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرساق، پۇختىلىساقلا، چوقۇم شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ يېڭى پەللىگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىغا ھەققىي تۈردە پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشالايمىز.

گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، گۈزەل شىنجاڭنى ئورتاق قۇرايلى

**بۇرۇلتوقاي ناھىيەلىك سودا ئىشلىرى، پەن - تېخنىكا ۋە سانائەت - ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جىبېك**

مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇرۇلتوقايلىق، كىچىك ۋاقتىمدا قاراماغاي بازىرىدا ياشىغان، ھەرقايسى مىللەتتىن بولغان يۇرتداشلار، قوشنىلار ئۆزئارا شاد - خۇراملىققا چۆمۈپ، ئىتتىپاق - دوستانە ئۆتۈپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، سىنىڭ - مېنىڭ دېيىشمەيتتۇق. شۇ چاغدا ئۆيىمىزنىڭ كەينىدە ئۈن دۇكىنى ئاچىدىغان خۇاڭ ئۇستام ئولتۇراتتى، پۈتۈن يېزا بويىچە پەقەت ئۇنىڭ ئۆيىدىلا گېنېراتور بار ئىدى. ئۇ ئەسلىھەلەر مۇكەممەل بولمىغاچقا، يېزىدا پات - پات توك توختاپ قالاتتى، توك توختىسىلا خۇاڭ ئۇستام تەشەببۇسكارلىق بىلەن گېنېراتورنى قوزغىتىپ، قوشنىلارغا ھەقسىز توك يەتكۈزۈپ بېرەتتى، بەزى قوشنىلار پۇل بەرمەكچى بولسا، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «بىز ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، بىر ئائىلە كىشىلىرى پۇلنى ئېغىزغا ئالسا قانداق بولىدۇ» دەيتتى. ئادەتتە ئۇ ھەمىشە ئۆزى تېرىغان كۆكتاتلارنى قولۇم - قوشنىلىرى بولغان بىزلەرگە بېرەتتى، قوشنىلارمۇ ئۇنىڭغا سۈت، قۇرۇت، نان قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى بېرەتتۇق، كۆپچىلىك ئىنتايىن ئىناق ئۆتەتتۇق.

2000 - يىلى، مەن ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈپ، گۈزەل خاڭجوۋ شەھىرىگە كېلىپ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇپ، ھەر مىللەت ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە يۇقىرى سەۋىيەلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك تەربىيەنى قوبۇل قىلدىم. خاڭجوۋغا يېڭى كەلگەندە، مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئانچە چۈشىنەلمىدىم، سىنىپ مۇئەللىم مېنى سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن تەربىيەلىدى، يېتەكلىدى، بۈگۈنكى ھازىرغىچە ئۇنتۇمايمەن. سىنىپ مۇئەللىم بىز شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارغا مەسئۇل ئوقۇتقۇچى ئىدى، تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشتە بىزنى ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەكتەپكە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي مەكتەپ ئىمتىھان ئالدى، كېچىكمىدىن نەتىجەم ئەلا بولۇپ كەلگەن مەن تۇنجى قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىم، ئۆيدىكىلەرگە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. مەن قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگىنىشىمگە بولغان ئىشەنچىمنى يوقاتتىم. سىنىپ مۇئەللىم سەۋرچانلىق بىلەن ماڭا تەسەللى بېرىپ، ماڭا ياردەملىشىپ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، ماڭا ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلىشىدە، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ ئوقۇشلۇق ھالدا ۋۇخەن داشۆسىگە ئۆتتۈم. ئالىي مەكتەپتە مەن ئوخشاشلا ئائىلە كەبى ئىللىقلىقنى ھېس قىلدىم. ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلارنىڭ چەكسىز كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردىمىدە، ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشۇمنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدىم.

پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى ھەر مىللەت ئاممىغا تولۇپ تاشقان بەخت تۇيغۇسى ئاتا قىلدى، مەن نۇرغۇن نەپكە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان كادىرلارنىڭ كېلىشى بۇرۇلتوقايدىن ئىبارەت بۇ كىچىك شەھەرگە يېڭى جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى. ئۇلارنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى بىلەن داچىڭ مەيدانى، يەسلى... قاتارلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرى ئەمەلىيلىشىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. مېنىڭ خىزمەتدىشىم لى جياڭخۇي دەل مۇشۇنداق چوڭ ئائىلە ئۈچۈن كىچىك ئائىلىدىن ۋاز كەچكەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىر. ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگىنىمدە، ئۇ ھەمىشە ئالدىراشلا بولۇپ، نەچچە ئېغىز ئارتۇق گەپ قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيتتى. ئۇنىڭدىن نېمە قىلغىلى ماڭىدىغىنىز دەپ سورىغىنىمدا، يا ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تۈرلەرنى تەكشۈرۈشكە ماڭغان، يا قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى ۋە سۈپىتىنى كۆرۈشكە ماڭغان بولاتتى. مەيلى «1 - ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە بولسۇن ياكى «1 - ئۆكتەبىر»لىك دەم ئېلىش مەزگىلىدە بولسۇن، ئۇ ھەمىشە خىزمەت ئورنىدا ئالدىراش ئىدى. ئۇ: گەرچە يىراق خېيلۇڭجياڭدىكى ئائىلەمدىكىلەر بىلەن جەم بولالمىساممۇ، لېكىن شىنجاڭدا يەنە قازاق تۇغقانلىرىم بار، دەيتتى. ئۇ تۇغقانلىرىغا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگەتتى، ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلىدى، تۇغقانلىرى بىلەن بولغان ھېسسىياتى ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش جەريانىدا بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى.

سىنىپ مۇئەللىم، لى جياڭخۇيلاردىن باشقا، يەنە قاراماغاي بازىرىدىكى يۇرتداشلار خۇددى ھاياتىمدىكى چىراغقا ئوخشاش ھەر ۋاقىت ماڭا ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ تۇردى. مەن ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، ھەر مىللەت قېرىنداشلار بىلەن بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ گۈزەل شىنجاڭنى ئورتاق قۇرۇپ ۋە قوغداپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىمەن!